ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسى 5 ـ نۆۋەتلىك كېڭىشى يىللىق يىغىنى سىن يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا قىلىنغان سۆز

(2020 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، بېيجىڭ)

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ

ھۆرمەتلىك ھەرقايسى كېڭەش ئەزالىرى،
ھەرقايسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ ئۆمەك باشلىقلىرى،
ھەرقايسى ئەزىز مېھمانلار،
خانىملار، ئەپەندىلەر، دوستلار:

ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسى 5 ـ نۆۋەتلىك كېڭىشىنىڭ يىللىق يىغىنى ئېچىلغان پەيتتە، مەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن، ھەم ئۆز نامىمدىن، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! يىغىنغا قاتناشقان ھەرقايسى ئەزالار ۋەكىللىرىگە سەممىي سالام يوللايمەن!

2013 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، مەن جۇڭگوغا ۋاكالىتەن ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسى قۇرۇپ، ئاسىيا رايونىنىڭ ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ۋە ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، رايون ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئورتاق تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش تەكلىپى بەرگەندىم. 2016 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسى رەسمىي تىجارەت باشلىدى. تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسى كۆپ تەرەپلىك تەرەققىيات بانكىسى ئەندىزىسى ۋە پرىنسىپى بويىچە يۈرۈشۈپ، خەلقئارالىشىش، قېلىپلىشىش، يۇقىرى ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇپ، ياخشى باشلىنىشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئەڭ دەسلەپكى 57 قۇرغۇچى ئەزا قول تۇتۇشۇپ يولغا چىقىشتىن، بۈگۈنكى كۈندىكى ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقا، شىمالىي ئامېرىكا، جەنۇبىي ئامېرىكا، ئوكيانىيە قاتارلىق ئالتە چوڭ قىتئەدىن كەلگەن 102 ئەزا بىر يەرگە جەم بولۇشقىچە، ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ زورىيىپ، ئەزالارنى 20 مىليارد دوللارغا يېقىن ئۇل ئەسلىھە مەبلىغى بىلەن تەمىنلىدى. ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسىنىڭ دوستلار چەمبىرىكى بارغانسېرى زورىيىپ، ياخشى ھەمراھلىرى بارغانسېرى كۆپىيىپ، ھەمكارلىق سۈپىتى بارغانسېرى ئۆسۈپ، خەلقئارادا كەسپىي، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، پاك بولغان يېڭىچە كۆپ تەرەپلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ يېپيېڭى ئوبرازىنى نامايان قىلدى.

يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى پارتلاش خاراكتېرلىك يۈز بەرگەندىن بۇيان، ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسى تېز ھەرىكەتكە كېلىپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش فوندى قۇرۇپ، ئەزالارنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشى ۋە ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە مەدەت بېرىپ، ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسىنىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارىنى تولۇق نامايان قىلدى. يەرشارىۋى يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىنسانلار مەنپەئەتداش ۋە تەقدىرداش، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولىدىغان تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى، پەقەت ئۆزئارا قوللاش، ئىتتىپاقلىشىش، ھەمكارلىشىشلا كرىزىس ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغان جاھاندىكى توغرا يول. ئىقتىسادنىڭ يەرشارىۋىلىشىش مۇساپىسىدە كۆرۈلگەن زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشتا، ھەرقايسى دۆلەتلەر تىرىشىپ تېخىمۇ سىغدۇرۇشچان يەرشارىۋى ئىدارە قىلىش، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك كۆپ تەرەپلىك مېخانىزم، تېخىمۇ ئاكتىپ رايون ھەمكارلىقىنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسى ئەزالارنىڭ ئورتاق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان يېڭى سۇپىغا ئايلىنىشى كېرەك. مەن تۆۋەندىكىدەك تەكلىپ بېرىمەن:

بىرىنچى، دىققەتنى ئورتاق تەرەققىياتقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسىنى يەرشارىۋى ئورتاق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان يېڭىچە كۆپ تەرەپلىك تەرەققىيات بانكىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. تىنچلىق ۋە تەرەققىيات يەنىلا بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىزنىڭ باش تېمىسى. ئۇل ئەسلىھە ئالاقىسىنى راۋانلاشتۇرۇش ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم ماددىي ئاساس. ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسى بارلىق ئەزالارنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا مۇلازىمەت قىلىشقا كۈچەپ، تېخىمۇ كۆپ يۇقىرى سۈپەتلىك، تەننەرخى تۆۋەن، ئىمكانىيەتلىك سىجىل ئۇل ئەسلىھە سېلىنمىسى بىلەن تەمىنلىشى، ھەم ئەنئەنىۋى ئۇل ئەسلىھەلەرگە مەدەت بېرىپ، ھەم يېڭىچە ئۇل ئەسلىھەلەرگە مەدەت بېرىپ، ئاسىيا ھەم باشقا رايونلارنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

ئىككىنچى، باتۇرلۇق بىلەن يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسىنى دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەيدىغان يېڭىچە تەرەققىيات ئەمەلىيىتى سۇپىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. يېڭىلىق يارىتىشنى كۆزلىگەندىلا ئاندىن كەلگۈسىنى پىلانلىغىلى بولىدۇ. ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسىنىڭ ئۆزى خەلقئارا ئىقتىساد ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ يېڭى ئەزاسى بولۇپ، ۋەزىيەتكە قاراپ ئىش كۆرۈپ، ۋەزىيەتكە قاراپ ئۆزگىرىپ، تەرەققىيات ئىددىيەسى، كەسىپ ئەندىزىسى، ئاپپارات ئىدارە قىلىشتا يېڭىلىق يارىتىپ، جانلىق، كۆپ خىل تەرەققىيات مەبلىغى يۈرۈشتۈرۈش مەھسۇلاتلىرى ئارقىلىق، ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېشىل تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، تېخنىكا تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىشى كېرەك.

ئۈچىنچى، ئەڭ ياخشى ئەمەلىيەت يارىتىپ، ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسىنى يۇقىرى ئۆلچەملىك يېڭىچە خەلقئارا ھەمكارلىق ئاپپاراتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسى تەرەققىي قىلىشتا، يۇقىرى ئۆلچەم، يۇقىرى سۈپەتتە چىڭ تۇرۇپ، خەلقئارا ئورتاق ئۆلچەمگە ئەمەل قىلىش، ئومۇميۈزلۈك تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىشنى ھەرقايسى ئەزالارنىڭ ئۆز تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، خەلقئارا تەرەققىيات ھەمكارلىقىنىڭ ئەڭ ياخشى ئەمەلىيىتىنى يارىتىشى كېرەك.

تۆتىنچى، ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسىنى خەلقئارا كۆپ تەرەپلىك ھەمكارلىقنىڭ يېڭى ئۈلگىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. ئورتاق كېڭەشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، دۇنيا ئىقتىساد ۋەزىيىتىنىڭ تەڭشىلىش، ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىپ، تېخىمۇ كۆپ تەرەققىيات ھەمراھلىرى بىلەن ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇپ، رايون ۋە يەرشارىۋى ئاممىۋى مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىنلەپ، رايون ئىقتىسادىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىگە تۈرتكە بولۇش، ئىقتىسادنىڭ يەرشارىۋىلىشىشىنىڭ تېخىمۇ ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان، ئومۇمىي مەنپەئەتدار، تەڭپۇڭ، ئورتاق پايدا ئېلىش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

خانىملار، ئەپەندىلەر، دوستلار!

جۇڭگو باشتىن ـ ئاخىر كۆپ تەرەپچىلىكنى قوللاپ، كۆپ تەرەپچىلىكنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ئېچىۋېتىش، ھەمكارلىشىش، ئورتاق پايدا ئېلىش روھى ئارقىلىق دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن تەرەققىياتنى ئورتاق كۆزلەيدۇ. جۇڭگو داۋاملىق ھەرقايسى ئەزا دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسىنى قوللاپ، ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسىنى ياخشى باشقۇرۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ خەۋپ ـ خەتەر ۋە خىرىسقا تاقابىل تۇرۇپ، ئورتاق تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىدۇ. ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسىنىڭ بۇرچىغا يۈز كېلىشنى، دەۋرگە يۈز كېلىشنى، كۆپچىلىكنىڭ تاپشۇرۇقىغا يۈز كېلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاخىرىدا، مەن بۇ نۆۋەتلىك كېڭەش يىللىق يىغىننىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا چىن كۆڭلۈمدىن تىلەكداشمەن!

كۆپچىلىككە رەھمەت.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئورتاق تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش تەكلىپى بەرگەندىم. تىجارەت باشلىغان تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسى خەلقئارالىشىش، قېلىپلىشىش، يۇقىرى ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇپ، ياخشى باشلىنىشنى ئىشقا ئاشۇردى، ئەڭ دەسلەپكى 57 قۇرغۇچى ئەزادىن، بۈگۈنكى كۈندىكى ئالتە چوڭ قىتئەدىن كەلگەن 102 ئەزاغا تەرەققىي قىلغۇچە، دوستلار چەمبىرىكى بارغانسېرى زورىيىپ، ياخشى ھەمراھلىرى بارغانسېرى كۆپىيىپ، ھەمكارلىق سۈپىتى بارغانسېرى ئۆسۈپ، كەسپىي، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، پاك بولغان يېڭىچە كۆپ تەرەپلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ يېپيېڭى ئوبرازىنى نامايان قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يەرشارىۋى يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىنسانلار مەنپەئەتداش ۋە تەقدىرداش، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولىدىغان تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى، پەقەت ئۆزئارا قوللاش، ئىتتىپاقلىشىش، ھەمكارلىشىشلا كرىزىس ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغان جاھاندىكى توغرا يول. ئىقتىسادنىڭ يەرشارىۋىلىشىش مۇساپىسىدە كۆرۈلگەن زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشتا، ھەرقايسى دۆلەتلەر تىرىشىپ تېخىمۇ سىغدۇرۇشچان يەرشارىۋى ئىدارە قىلىش، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك كۆپ تەرەپلىك مېخانىزم، تېخىمۇ ئاكتىپ رايون ھەمكارلىقىنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسى ئەزالارنىڭ ئورتاق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان يېڭى سۇپىغا ئايلىنىشى كېرەك.

بىرىنچى، دىققەتنى ئورتاق تەرەققىياتقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسىنى يەرشارىۋى ئورتاق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان يېڭىچە كۆپ تەرەپلىك تەرەققىيات بانكىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسى بارلىق ئەزالارنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا مۇلازىمەت قىلىشقا كۈچەپ، تېخىمۇ كۆپ يۇقىرى سۈپەتلىك، تەننەرخى تۆۋەن، ئىمكانىيەتلىك سىجىل ئۇل ئەسلىھە سېلىنمىسى بىلەن تەمىنلىشى، ھەم ئەنئەنىۋى ئۇل ئەسلىھەلەرگە مەدەت بېرىپ، ھەم يېڭىچە ئۇل ئەسلىھەلەرگە مەدەت بېرىپ، ئاسىيا ھەم باشقا رايونلارنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

ئىككىنچى، باتۇرلۇق بىلەن يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسىنى دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەيدىغان يېڭىچە تەرەققىيات ئەمەلىيىتى سۇپىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسى تەرەققىيات ئىددىيەسى، كەسىپ ئەندىزىسى، ئاپپارات ئىدارە قىلىشتا يېڭىلىق يارىتىپ، جانلىق، كۆپ خىل تەرەققىيات مەبلىغى يۈرۈشتۈرۈش مەھسۇلاتلىرى ئارقىلىق، ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېشىل تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، تېخنىكا تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىشى كېرەك.

ئۈچىنچى، ئەڭ ياخشى ئەمەلىيەت يارىتىپ، ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسىنى يۇقىرى ئۆلچەملىك يېڭىچە خەلقئارا ھەمكارلىق ئاپپاراتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسى خەلقئارا ئورتاق ئۆلچەمگە ئەمەل قىلىش، ئومۇميۈزلۈك تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىشنى ھەرقايسى ئەزالارنىڭ ئۆز تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، خەلقئارا تەرەققىيات ھەمكارلىقىنىڭ ئەڭ ياخشى ئەمەلىيىتىنى يارىتىشى كېرەك.

تۆتىنچى، ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسىنى خەلقئارا كۆپ تەرەپلىك ھەمكارلىقنىڭ يېڭى ئۈلگىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. ئورتاق كېڭەشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، دۇنيا ئىقتىساد ۋەزىيىتىنىڭ تەڭشىلىش، ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىپ، تېخىمۇ كۆپ تەرەققىيات ھەمراھلىرى بىلەن ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇپ، رايون ئىقتىسادىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئىقتىسادنىڭ يەرشارىۋىلىشىشىنىڭ تېخىمۇ ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان، ئومۇمىي مەنپەئەتدار، تەڭپۇڭ، ئورتاق پايدا ئېلىش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ ئاخىرىدا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو باشتىن ـ ئاخىر كۆپ تەرەپچىلىكنى قوللاپ، كۆپ تەرەپچىلىكنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ئېچىۋېتىش، ھەمكارلىشىش، ئورتاق پايدا ئېلىش روھى ئارقىلىق دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن تەرەققىياتنى ئورتاق كۆزلەيدۇ. جۇڭگو داۋاملىق ھەرقايسى ئەزا دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسىنى قوللاپ، ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسىنى ياخشى باشقۇرۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ خەۋپ ـ خەتەر ۋە خىرىسقا تاقابىل تۇرۇپ، ئورتاق تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پىلان يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، جۇڭگو تەرەپ باشتىن ـ ئاخىر خەلقئارا ۋەدىسىدە چىڭ تۇردى، جۇڭگو كارخانىلىرى ۋە پەن تەتقىقات خادىملىرى باتۇرلۇق بىلەن ئېغىر يۈكنى زىممىسىگە ئېلىپ، خەلقئارادىكى كەسىپداشلار بىلەن بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، پىلاننىڭ ئوڭۇشلۇق ئالغا سىلجىشى ئۈچۈن جۇڭگو ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە جۇڭگو كۈچىنى تەقدىم قىلدى. ئون نەچچە يىلدىن بۇيانقى پائال ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، ئېچىۋېتىش، ئالماشتۇرۇش ئىلىم ـ پەننىڭ ئالدىنقى سېپىدە ئىزدىنىشنىڭ ئاچقۇچلۇق يولى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىر، پۈتۈن يەر شارى يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئېلىپ كەلگەن كەسكىن خىرىسقا دۇچ كەلمەكتە، ئىنسانلار قول تۇتۇشۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىشكە ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەكرەك ئېھتىياجلىق. جۇڭگو تەرەپ ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن پەن تەتقىقات ئالاقىسى، ھەمكارلىقنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، كۈچنى بىرىكتۈرۈپ مۇھىم، زور ئاچقۇچلۇق پەن ۋە تېخنىكىلاردا بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، يەرشارىۋى پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرۇش، پۈتۈن يەر شارىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز يېڭى تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ.

خەلقئارا ئىسسىق يادرو يىغىلىش تەجرىبە رېئاكتورى پىلانى بۈگۈنكى دۇنيادىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ، تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر خەلقئارا زور ئىلىم ـ پەن قۇرۇلۇشى، دۆلىتىمىز 2006 ـ يىلى بۇ پىلانغا رەسمىي ئىمزا قويۇپ قاتناشقان.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

زەربە بېرىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قەتئىي قوغداش كېرەك.

كوئېنلۇن ئۇلتۇراق رايونى ۋە رىنگۋاڭ ئۇلتۇراق رايونىدا، شۆھرەت زاكىر مەھەللە كادىرلىرى، مەھەللە پىدائىيلىرى، مۈلۈك باشقۇرۇش مۇلازىمەت خادىملىرى بىلەن سەممىي پىكىر ئالماشتۇردى. رىنگۋاڭ مەھەللىسى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى خەن چىنىڭ ئۆيىنىڭ ئۇدۇلدىلا ئىكەنلىكىنى، ئۇ خىزمەت قىلىۋاتقان رىنگۋاڭ ئۇلتۇراق رايونىنى پەقەت بىر يول ئايرىپ تۇرىدىغانلىقىنى، لېكىن ئۇنىڭ ئىزچىل خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولالمىغانلىقىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، شۆھرەت زاكىر مۇنداق دېدى: مەھەللە كادىرلىرى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا مۇھىم تۆھپە قوشتى، كەڭ مەھەللە كادىرلىرىدىن ھال سورايمەن ۋە ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىمەن. ئۇ كەڭ مەھەللە كادىرلىرىنىڭ مەسئۇلىيەتنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىگە ئېلىش، چوڭ ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇش، ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، «تۆت بالدۇر» تەدبىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ كېڭىيىشى، يامرىشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلدى.

شۆھرەت زاكىر مەھەللىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بويىچە يېپىق ھالەتتە باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە ئاممىنى تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەش ئەھۋالى، مال باھاسى ئەھۋالىنى تەپسىلىي سورىدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مەھەللىلەرنى يېپىق ھالەتتە باشقۇرۇشنى يولغا قويغاندا، كېسەللىك مەنبەسىنىڭ مەھەللە ئىچى ۋە سىرتىدا تارقىلىشى، كېڭىيىشىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى قەتئىي بوشاشماي ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاچقۇچى مەھەللىلەرگە تايىنىشتا. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەرقايسى مەھەللىلەر قاتتىق ئالدىنى ئېلىش، قاتتىق كونترول قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەھەللىلەرنى يېپىق ھالەتتە باشقۇرۇش ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، بىخۇدلۇق ئىدىيەسى ۋە تەلەي سىناش پىسخىكىسىنى تۈگىتىپ، بارلىق مەھەللىلەرنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى مۇستەھكەم قورغانغا ئايلاندۇرۇشى كېرەك.

شۆھرەت زاكىر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: مەھەللىلەرنى يېپىق ھالەتتە باشقۇرۇش ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا قولايسىزلىق ئېلىپ كەلدى، مەھەللىلەر ئىنچىكە باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ماددىي ئەشيالارغا كاپالەتلىك قىلىشنى ياخشى ئىشلەپ، كۆكتات، مېۋە ـ چېۋە، گۆش، تۇخۇم، سۈت، ئاشلىق قاتارلىق ئاھالىلەرنىڭ زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، كاپالەتلەندۈرۈش، تەمىنلەشنى كۈچەيتىشى، بازار تەمىناتىنىڭ تولۇق بولۇشى، باھانىڭ مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. مۇلازىمەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، خىزمەت ئۇسلۇبىنى ئۆزگەرتىپ، ئاممىغا قارىتا پىسخىكىلىق يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، ئاممىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى چۈشىنىشى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، كەڭ ئاممىغا يېقىندىن تايىنىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ مەيدان خەلق ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلىشى كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنداق كۆرسەتتى: مەھەللە پىدائىيلىرى ئامما ئارىسىدىن كەلگەن، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىدۇ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينىماقتا. كەڭ مەھەللە پىدائىيلىرىنىڭ ئامما بىلەن ئالاقە باغلاش ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، مەھەللە كادىرلىرىنىڭ ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش ۋە ئالاقىلىشىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە ھەمكارلىشىشنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاخبارات ۋاستىلىرى ئەنئەنىۋى تاراتقۇ ۋە يېڭى تاراتقۇ تارقىتىش ۋاستىلىرىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلىملىرى ۋە تەدبىرلىرىنى دەل جايىدا تەشۋىق قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش جەريانىدىكى تەسىرلىك ھېكايىلەرنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، جەمئىيەتتە ئاكتىپ كۈچنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ياخشى ئاممىۋى پىكىر كەيپىياتى يارىتىشى كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنداق تەكىتلىدى: كەڭ كادىرلار، ئامما شۇنىڭغا چوقۇم قەتئىي ئىشىنىشى كېرەككى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقى، گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئىلمىي يېتەكچىلىكى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ زىچ ھەمكارلىقى، كەڭ ئاممىنىڭ چۈشىنىشى، قوللىشى ۋە ماسلىشىشى بىلەن، بىز چوقۇم يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلالايمىز.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قەتئىي قوغداشنى تەلەپ قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: بۇ قېتىمقى يۇقۇم تۇيۇقسىز تارقالدى، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسنىڭ يۇقۇمچانلىقى كۈچلۈك، تارقىلىشى تېز، كېسەل پەيدا قىلىشى يوشۇرۇن بولۇپ، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار كۆپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ. ئىشەنچنى چىڭىتىش، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈش ئومۇمىي تەلىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ بىر تاختا شاھمات، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك بىر تاختا شاھمات بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۇەن، خەلق ماسلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىپ، ئاغرىقلارنى مەركەزلەشتۈرۈش، مۇتەخەسسىسلەرنى مەركەزلەشتۈرۈش، بايلىقنى مەركەزلەشتۈرۈش، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشنى مەركەزلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىش، بالدۇر داۋالاش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئۈرۈمچى شەھىرى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ھازىرقى ئەڭ مۇھىم، ئەڭ جىددىي خىزمەت قىلىپ، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش، تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش ۋە تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش سالمىقىنى زورايتىپ، يوچۇقلارنى تەكشۈرۈش، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش ۋە قايتا قاراپ چىقىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پۈتۈن مۇساپىلىك نازارەت قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تەشكىلىي باشقۇرۇشنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئۈنۈم ۋە سۈپەتنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈشى كېرەك. ئۇچۇرلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، تېگى ـ تەكتىنى ئېنىق، سانى توغرا، ئەھۋالى ئېنىق بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ ئۈنۈمى ۋە توغرىلىق دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. مەھەللىلەر ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تورىنى زىچ، پۇختا توقۇپ، ئادەمىيەت غەمخورلۇقى ۋە مۇلازىمەت كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىككىلەمچى يۇقۇملىنىشنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: مەۋقەنى ھازىرغا قويۇپ، كەلگۈسىگە نەزەر تاشلاپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش دەسلەپكى لايىھەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش، تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش، تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرى زاپىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك، تەييارلىق كۆرۈپ قويۇپ پايدىلانماسلىقمۇ مەيلىكى، پايدىلىنىدىغاندا تەييارلىق بولمىسا بولمايدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ماسلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىدىغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، داۋاملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇپ، ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ «سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتىن كېڭىيىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش»تىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى رەھبەرلىكىدىكى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى، قوماندانلىق ئىشتابى تۈزۈلمە مېخانىزمدا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، ئۆلكە دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ھۆددىگە ئېلىپ ئالاقىلىشىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «تۆت تەرەپ»نىڭ مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، خىزمەت ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، ئاممىۋى پىكىر يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا قوش غەلىبە قىلىشنى جاسارەت بىلەن قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن تيەن ۋېن، لى يىفېي، ۋاڭ مىڭشەن، لىيۇ جيەنشىن، ۋەن خەيجۈەن، ياڭ يۈك يىغىنغا قاتناشتى.